# مۇسۇلمان قىزنىڭ كاپىر بىلەن تۇرمۇش قۇرۇشىنىڭ ھۆكمى

[ئۇيغۇرچە]

## ما عقوبة المسلمة التي تتزوج نصرانيا؟

[باللغة الأويغورية]


مۇپتى: شەيخ مۇھەممەد سالىھ ئەلمۇنەججىد

المفتي: الشيخ محمد صالح المنجد

تەرجىمە قىلغۇچى: ن.تەمكىنى

المترجم: ن.تمكيني

تەكشۈرۈپ بىكىتكۈچى: ن. تەمكىنى

المراجعة: ن. تمكيني



نەشىر ھوقۇقى مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ

1430 - 2009

islamhouse.com

8396ـنومۇرلۇق سوئال

سوئال:

مۇسۇلمان ئايالنىڭ كاپىر بىلەن توي قىلىشىنىڭ ھۆكمى ۋە ئۇنىڭ شەرىئەتتە بەلگىلەنگەن جازاسى نېمە؟

جاۋاب:

مۇسۇلمان ئايالنىڭ يەھۇدى، خرىستىئان، بۇددىست دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى ياكى دىنسىز ئەرلەر بىلەن توي قىلىشى دۇرۇس بولمايدۇ، چۈنكى ئايال كىشىنى ھىمايە قىلىش، تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ھوقۇقى ئەر كىشىگە تاپشۇرۇلغان.

كاپىر ئەركىشىنىڭ مۇسۇلمان ئايالنى باشقۇرۇشىغا ئىسلام دىنىدا يول قويۇلمايدۇ، (ئىسلام قىز-خانىملىرىنىڭ ئىززەتلىك ياشىشى كۆزدە تۇتىلىدۇ) ھەمدە دۇرۇس بولمايدۇ. ئىسلام دىنى ھەق دىندۇر. ئىسلام ئېتىقاتىدىن باشقا دىنلار باتىلدۇر. جانابى ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «مۇشرىك ئەرلەر ئىمان ئېيتمىغىچە مۆمىن ئاياللارنى ئۇلارغا ياتلىق قىلماڭلار...»[سۈرە بەقەرە 221ـئايەتنىڭ بىر قىسمى. جانابى ئاللاھ يەنە بىر ئايەتتە: « ئاللاھ كاپىرلارغا ھەرگىز مۆمىنلەرگە قارشى يول بەرمەيدۇ» دېگەن. [سۈرە نىسا 141ـئايەتنىڭ بىر قىسمى].

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىسلام دىنى پۈتۈن دىنلاردىن بۈيۈكتۇر، ئۇنىڭدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان دىن يوقتۇر».

مۇسۇلمان ئايال كاپىر بىلەن تۇرمۇش قۇرۇشىنىڭ ھۆكمىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ توي قىلغان بولسا، ئۇ ئايال زىنا قىلغان بولىدۇ. شەرىئەتتە، ئۇنىڭ جازاسى زىناخورغا بېرىلگەن جازا بىلەن جازالىنىدۇ.(جازا كىشىلەر تەرىپىدىن ئەمەس بەلكى ئىسلامى ھاكىمىيەت تەرىپىدىن ئىجرا قىلىنىدۇ.-م-) ئەگەر ئۇنىڭ ھۆكمىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلمەي توي قىلغان بولسا، ئۇ ئايالغا

جازا قوللىنىلمايدۇ. بۇ ئەر-خوتۇن ئىككىسىنى ئايرىۋېتىش كېرەك، تالاق قىلىش ھاجەتسىز بولىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نىكاھ باتىلدۇر.

بۇ خىلدىكى توي مەرىكىسىنى ئۆتكۈزۈشتىن ئىلگىرى قىزنىڭ ۋەلىسى، ئىسلام دىنى ئەزىز قىلغان مۇسۇلمان قىز پەرزەنتىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى ساقلىشى، ئىسلام دىنى كۆرسەتكەن پرىنسىپلاردىن ھالقىماسلىقى كېرەكلىكى تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

جانابى ئاللاھ مۇنداق دېگەن: « كىمكى (دۇنيادا) شەرەپ ئىزدەيدىكەن، شەرەپنىڭ ھەممىسى ئاللاھ قا مەنسۇپ (ئۇنى ئاللاھتىن تىلىسۇن).» (يەنى ئىنسان ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش بىلەن ئىززەتلىك بولىدۇ).

ھەممىدىن توغرىنى بىلگۈچى جانابى ئاللاھتۇر.